# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش
نومۇرى: CN 65 — 0002 / Z
(ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان 6 بەت)

新疆日报
（维文）

1995 - يىل
ئاپرېل
5
چارشەنبە


## ئۈرۈمچى ساي يولى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى

### ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، ھامىدىن نىياز، شىي فۇپىڭ، غوپۇر ئابدۇللا قاتارلىق كىشىلەر قۇرۇلۇشقا ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز **ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ئابدۇۋەلى ھەسەن** خەۋەر قىلىدۇ: 4-ئاينىڭ 4-كۈنى ئەتىگەندە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «شىخوڭ» يولىغا جايلاشقان مەلۇم تۇپچىلار تۈەنىنىڭ قورۇسى قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ساي يولى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى بۇ يەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، ھامىدىن نىياز، شىي فۇپىڭ، غوپۇر ئابدۇللا قاتارلىق كىشىلەر ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ساي يولى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە بولغان 22.388 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى تاشيول ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ياسىلىدىغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پۈتكۈل قۇرۇلۇشقا 900 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ، قۇرۇلۇش ئۈچ يىلدا تاماملىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى كەڭ، سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپ بولۇپ، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن ھەممە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نوپۇس ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ تېز كۆپىيىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قاتناش توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىلىرى تۈگەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتى ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلىنىپ، شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ يىل دەسلەپكى قەدەمدە 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئىككى ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ۋە ئاسما يول ياسىلىدۇ. بۇلار بۇ يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغات قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۇل سېلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «ساي يولى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش. شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۈرۈمچى شەھىرى بۇ زور قۇرۇلۇشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتراپلىق تەشكىللىشى، قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان ئورۇنلارمۇ كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن ئۈچ يىل تىرىشىپ قۇرۇلۇشنى تېز، ياخشى پۈتتۈرۈشى لازىم».



4 - ئاينىڭ 4-كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ساي يولى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل تېشىغا توپا يۆلىدى.

ئۆز مۇخبىرىمىز ۋاڭ ۋېيجۈن فوتوسى

ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن،

## ئاقسۇ ۋىلايىتى بۇ يىلقى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى يەنە 160 مىڭ مو كۆپەيتتى

ئۆز مۇخبىرىمىز **غەيرەت ئۆمەر** خەۋەر قىلىدۇ: مەملىكەتلىك يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاقسۇ ۋىلايىتى يېقىندا بۇ يىلقى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى بۇلتۇرقىدىن 160 مىڭ مو كۆپەيتىشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ناھىيە (شەھەر)لەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى.

ئاقسۇ ۋىلايىتى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاشلىقتا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەپ ئېشىنىپ كەلمەكتە. ئۆتكەن يىلى ئۇلار ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغان قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا تاۋار ئاشلىق يۆتكەپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق بازارلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ۋىلايەت مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىدەك ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يىلقى ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى 2 مىليون 870 مىڭ مو قىلىپ بېكىتىپ، بۇلتۇرقىدىن 160 مىڭ مو، ئەسلى پىلاندىكىدىن 120 مىڭ مو كۆپەيتتى. بۇنىڭدىن باي، كۇچا ناھىيىلىرى بىلەن ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ھەر بىرىگە 20 مىڭ مودىن، توقسۇ، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىرىگە 15 مىڭ مودىن، ئاقسۇ شەھىرى بىلەن ئاۋات ناھىيىسىگە 10 مىڭ مودىن، ئۈچتۇرپان، شايار ناھىيىلىرىگە 5000 مودىن ئاشلىق زىرائەتلىرىنى كۆپەيتىپ تېرىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى.

يېقىندا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە جىددىي تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، جايلاردىن بۇ يىلقى ئاشلىق تېرىلغۇ پىلانى ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى، قىلچە يوچۇق قالدۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

## ئاشلىق بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كۆلىمىنىڭ نىسبىتىنى توغرا ئايرىش كېرەك

گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئاشلىق — جاننىڭ يىلتىزى، ياشاشنىڭ ئاساسى، شۇڭا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ھەر قانداق ۋاقىتتا سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئاشلىق ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشتا ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ نىسپىي مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئىلگىرى ئۇزاق يىل داۋاملاشقان پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىقىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرگە سەل قارالغانلىقتىن، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى تولىمۇ ئاستا بولۇپ كەلگەنىدى. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئۆز ئورنىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى ۋە بازار ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان ھالدا، دېھقانچىلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى دادىل تەڭشىدى. بولۇپمۇ پاختىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى، بازىرى ياخشى بولۇشتەك پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن كېۋەزنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ئاساستا مۇۋاپىق تەڭشەپ پاختىچىلىقنى دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىش يولىغا يېتەكلەشتىكى، باشلامچى كەسىپ قاتارىدا زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە قوشۇمچە

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




## ئۈرۈمچى شەھىرىدە 100 مىڭ كىشى ۋەتەنپەرۋەرلىك

# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش
نومۇرى: CN 65 — 0002 / Z
(ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)
新疆日报
(维文)
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان ئالتە بەت)

1995 - يىل
ئاپرېل
8
شەنبە

شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ماشىنىسازلىق سانائىتى شىركىتىنىڭ سۇلياۋ يوپۇق ياتقۇزۇش ماشىنىلىرى زاۋۇتى بۇ يىل 3000 دىن ئارتۇق سۇلياۋ يوپۇق ياتقۇزۇش ماشىنىسى، كولتىۋاتسىيە - ئوغۇتلاش ماشىنىسى قاتارلىق 20 نەچچە خىل مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىپ يېزىلارنى تەمىنلىدى.

سۈرەتتە: ئۇلار خېرىدارلارغا يۈك قاچىلاپ بەرمەكتە.

**لۈي بىن** فوتوسى

## دېھقانچىلىقتا تايىنىپمۇ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكىلى بولىدۇ

### — ۋاڭ لېچۈەننىڭ شىخو ناھىيىسىنىڭ خۋاڭگوڭ بازىرىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەنلىكى توغرىسىدا

ئۆز مۇخبىرىمىز **شى جيەن**

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىخو ناھىيىسىنىڭ خۋاڭگوڭ بازىرىغا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشكە كەلدى. ئاپتوموبىل كوچا بېشىغا يېتىپ كەلگەندە، يىراقتىنلا كوچا مەركىزىدە تۇرغۇزۇلغان ئاق رەڭدىكى تۇلپارنىڭ ھەيكىلى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرەيلەن تۆت پۇتى يەرگە تەگمەي پەرۋاز قىلىۋاتقان تۇلپار ھەيكىلى خۋاڭگوڭ بازىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە، گۈزەل كەلگۈسىگە يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئوبرازى، دېدى.

شىخو ناھىيىسىنىڭ خۋاڭگوڭ بازىرى — دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، 1994 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 1781 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزىلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەن. ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە يۈرۈش قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى بولغان.

ئاساسىي قاتلامدا كۆپ يىل ئىشلىگەن بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى لىيۇ زېدۇڭ بازارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. يولداش ۋاڭ لېچۈەن خاتىرە يازغاچ، ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ تۇردى، مەجلىسخانىنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى.

لىيۇ زېدۇڭ بۇ يىل بازار ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 100 مىليون يۈەنگە، ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ

قىسقىغىنە سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، ۋاڭ لېچۈەن خۋاڭگوڭ بازىرىنىڭ خۋاڭگوڭ كەنت كومىتېتى ئىشخانىسىغا كەلدى، لىيۇ زېدۇڭ «ناھىيە دېھقانلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش پىلانى» دېگەن قوللانمىنى ۋاڭ لېچۈەنگە سۇندى. ئۇنىڭغا دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى خاتىرىلەنگەندىن باشقا، «ھاللىق سەۋىيىنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟»، «مەن ھاللىق سەۋىيىدىن يەنە قانچىلىك يىراقلىقتا؟»، «ئائىلىمىز قاچان ھاللىق سەۋىيىگە يېتىدۇ؟»، «قانداق قىلغاندا ھاللىق سەۋىيىگە ئىگە ئائىلە قۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەندەك مەزمۇنلار يېزىلغان. ۋاڭ لېچۈەن ئۇنى ئىنتايىن تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى ھەم قىزىققان ھالدا ئوقۇدى:

1) ئىقتىسادىي كىرىمى ئاشقان بولۇش: كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 3000 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1500 يۈەن بولۇش؛ 2) ئائىلىنىڭ بانكىدىكى پۇلى 3000 يۈەندىن ئارتۇق بولۇش، مال - مۈلكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋاڭ لېچۈەن شىخو ناھىيىلىك كىراخمال زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لياۋ چيۇلېي (سولدىن ئىككىنچى كىشى)گە مۇنداق دېدى: «بۇ يىل يۇقىرى ھوسۇللۇق كۆممىقوناق تېرىشنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆممىقوناقنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى ئويلىشىپ كۆرۈش لازىم، كۆممىقوناقنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ».

ئۆز مۇخبىرىمىز **شى جيەن** فوتوسى

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى 30 پارچە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا باشلىدى

مۇئاۋىن ۋېيىۈەنجاڭ تۆمۈر داۋامەت ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى

## ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر گېزىتلەرنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى

### تۆت خىل يېزىقتىكى 20 گېزىت مۇنەۋۋەر گېزىت بولۇپ باھالاندى
### گېزىتىمىزنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە موڭغۇلچە نۇسخىلىرى شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **شىن ۋېن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى نۆۋەتلىك ياخشى گېزىتلەرنى باھالاش نەتىجىسى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېلان قىلىندى، تۆت خىل يېزىقتىكى 20 گېزىت مۇشۇ شەرەپكە ئېرىشتى.

خەنزۇچە گېزىتلەردىن: شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى، شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلىرى گېزىتى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، شىنجاڭ نېفىت گېزىتى، جۇڭغار ۋاقىت گېزىتى، ئىلى گېزىتى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى، شىنجاڭ ئۇچۇر گېزىتى، ياشانغانلار سالامەتلىك گېزىتى؛ ئۇيغۇرچە گېزىتلەردىن: شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر گېزىتى، شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى، شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى، خوتەن گېزىتى، تۇرپان گېزىتى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى، قازاقچە گېزىتلەردىن: ئىلى ئۆسمۈرلىرى گېزىتى، ئىلى گېزىتى؛ موڭغۇلچە گېزىتلەردىن شىنجاڭ گېزىتىمۇ شۇ شەرەپكە ئېرىشتى.

## ئاپتونوم رايونىمىزدىن بىر تۈركۈم كوللېكتىپ ۋە شەخس قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز.** يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىزدىن بىر تۈركۈم ئىلغار شەخس ۋە كوللېكتىپ دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن.

شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى، شىخەنزە شەھەرلىك ئېنىشچىلار مەكتىپىگە «قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بويىچە مائارىپ خىزمەتچىلەر تەربىيىلەش مەركىزىدىن لىنىيۇلەرگە قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بويىچە «مۇنەۋۋەر مائارىپچى» دەپ نام بېرىلگەن. شىنجاڭ 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە «مائارىپقا ياردەم بېرىشكە تۆھپە قوشقان كارخانا»، دەپ، بۇ شىركەتنىڭ جىڭلىسى جاڭ جۇڭشىڭغا «مائارىپقا ياردەم بېرىشتە خىزمەت كۆرسەتكەن

